# شىنجاڭ گېزىتى

1991 - يىل
ئاپرېل
5
جۈمە

新疆日报 (维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 — 0002/Z
(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)


## 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى 3 - قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاپرېل خەۋىرى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن «خەلق» سارىيىدا 3 - قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇلىدىغان قارار لايىھىلىرىنى ئاۋازغا قويدى.

يىغىنغا ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسى ۋەن لى ۋېيىۋەنجاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ پروگراممىسى ۋە پروگراممىا توغرىسىدىكى دوكلاتنىڭ قارار لايىھىسىنى ماقۇللىدى ۋە بۇ قارار لايىھىسىنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى، يىغىننىڭ ئاۋازغا قويۇشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن مۇخۇا يىغىندا مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 1990 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، 1991 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھىسىنىڭ قاراپ چىقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى. يىغىن بۇ دوكلاتنى ماقۇللىدى ۋە ئۇنى بارلىق ۋەكىللەرگە بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

يىغىن 1990 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، 1991 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ قارار لايىھىسىنى ماقۇللىدى ۋە ئۇنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى، يىغىننىڭ ئاۋازغا قويۇشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

يىغىندا يەنە چېن مۇخۇانىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 1990 - يىللىق دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1991 - يىللىق دۆلەت خام چوتى لايىھىسىنىڭ قاراپ چىقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىن بۇ دوكلاتنى ماقۇللىدى ۋە ئۇنى بارلىق ۋەكىللەرگە بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئون يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاندىكى ئۇلۇغۋار ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى

# سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى يېپىلدى

سىياسىي كېڭەشكە مۇئاۋىن رەئىس، دائىمىي كومىتېتقا ئەزالار كۆپەيتىپ سايلاندى، سىياسىي قارار ماقۇللاندى

جياڭ زېمىن، ياڭ شاڭكۇن، لى پېڭ، ۋەن لى، چياۋ شى، سۇڭ پىڭ، لى رۇيخۇەن قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتنىشىپ، يىغىننىڭ يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى

لى شيەنيەن سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى مىللەتلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىش روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى، دەپ مەدھىيىلىدى



جياڭ زېمىن، ياڭ شاڭكۇن، لى پېڭ، ۋەن لى، لى شيەنيەن يىغىن مەيدانىغا كىرمەكتە. شىنخۇا ئاگېنتلىقى (فوتو تېلېگراف)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاپرېل خەۋىرى. جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى كۈنتەرتىپلەرنى تولۇق ئورۇنداپ، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق» سارىيىدا يېپىلدى.

يىغىن ماقۇللىغان سىياسىي قاراردا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى پائال مۇھاكىمە قىلىپ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون

سىن، چيەن ۋېيچاڭ، خۇ شېڭ، سۇن شاۋسۇن، چېڭ سىيۇەن، چيەن جېڭيىڭ، سۇ بۇچىڭ، ئىسمايىل ئەمەت، خۇ جىڭرۇ، دېڭ گۇاڭشۈن، باش كاتىپ سۇڭ دېمىن ۋە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى رەئىس مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. جياڭ زېمىن، ياڭ شاڭكۇن، لى پېڭ، ۋەن لى، چياۋ شى، سۇڭ پىڭ، لى رۇيخۇەن، ۋاڭ جېن، تيەن جىيۈن، لى تيېيىڭ، ۋۇ شۆچيەن، چىن جۇبى، دىڭ گۇەنگېن، لىۋ خۇاچىڭ، ياڭ بەيبىڭ، ۋېن جياباۋ قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتنىشىپ، يىغىننىڭ يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ جەمئىي ئەزاسى 2055 بولۇپ، يىغىن مەزگىلىدە ئىككىسى كېسەللىك

شۆنەنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆپەيتىپ سايلاندى؛ سۇڭ دېمىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى؛ ۋاڭ ۋېنيۈەن، يې شۆەنپىڭ، دو جى سەيدەن، گۇڭگتاگساڭ دەنبۇاڭشۇي، لى مۇئەن، چېن جۇڭيى، چېن خاۋجۇ، پاتىمە جاكۇلىنا، جوڭگۇاڭچۈن، جياڭ مىنكۇەنلەر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلاندى.

يىغىن سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارىنى ماقۇللىدى؛ سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

# شىنجاڭ گېزىتى

1991 - يىل
ئاپرېل
9
سەيشەنبە

新 疆 日 报
(维文)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 — 0002/Z
(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)


## ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدى

### جاڭ فۇسېن پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشتىكى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ، ياخشى تۇتۇپ، بۇ يىل ئىچىدە قويرۇق قالدۇرماي، رەسمىيەتچىلىك قىلماي، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تولۇق ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز يەن فېڭلى خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشتىكى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىق قۇرۇلۇشغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى رەھبەرلىكنى، كۈچنى، ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىش؛ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشغا ياردەم بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بۇ خىزمەتنى بۇ يىل ئىچىدە قويرۇق قالدۇرماي، رەسمىيەتچىلىك قىلماي، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تولۇق ئورۇنداش لازىم.

بۇلتۇر 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون كادىرلارنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاش خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرى تېز ھەرىكەتلىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ جەھەتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي پەرق مۇنۇلار: 1) ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ خۇسۇسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئىنقىلاشقا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى؛ 2) تەرەققىيات تەكشى بولمىدى. بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئورۇنلاردا تۇتۇپ تۇرۇش، قاراپ بېقىش، ئاغرىنىش كەيپىياتى ساقلاندى. شۇڭا ئاپتونوم

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى 5 - قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاپرېل تېلېگراممىسى. 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «خەلق سارىيى»دا 5 - قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن زۇ جياخۇا، جۇ رۇڭجىلارنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا، چيەن چىچېننى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. جۇ نەننى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى.

بۈگۈنكى ئومۇمىي يىغىنغا ئىجرائىيە رەئىس پېڭ چۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ بۈگۈنكى يىغىنغا 2673 ۋەكىل قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا توشتى، دەپ جاكارلىدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئاۋاز بېرىش ئەسۋابى ئارقىلىق لى پېڭ زۇڭلى كۆرسەتكەن گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارىنىڭ نامزاتلىرىغا ئاۋاز بېرىپ، زۇ جياخۇانى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەشنى، ئۇنى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى؛ جۇ رۇڭجىنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى؛ چيەن چىچېننى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

لى پېڭ زۇڭلىنىڭ تەكلىپى بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش قارار لايىھىسى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا كەلگەن خەت - چەكلەرگە ئاساسەن، زۇ جياخۇا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بولغاندىن كېيىن يەنىلا دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ؛ چيەن چىچېن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى بولغاندىن كېيىن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

پېڭ چۇڭ زۇ جياخۇا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى جاكارلىغاندا پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى.

ئاندىن ئومۇمىي يىغىن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسىنى تولۇقلاپ سايلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ سايلاش چارىسىغا ئاساسەن، يىغىن ئالدى بىلەن ئىككى باش بېلەت نازارەتچىسى، 30 بېلەت نازارەتچىسىنىڭ ئىسمىلىكىنى ماقۇللىدى. باش بېلەت نازارەتچىلىرى ۋە بېلەت نازارەتچىلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا بارلىق ۋەكىللەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تولۇقلاپ سايلىنىدىغان ئەزاسى نامزاتلىرىغا ئاۋاز بەردى.

ساندۇقتىن بېلەت ئېلىنغان ۋە باش بېلەت نازارەتچىلىرى، بېلەت نازارەتچىلىرى، بېلەت ھېسابلىغۇچىلار ھېسابلاپ چىققاندىن كېيىن، پېڭ چۇڭ جۇ نەننىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغانلىقىنى جاكارلىدى. پۈتۈن مەيداندا يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى.



